# ھۆكۈمەت خىزمىتىدىن دوكلات

(بېشى 6 ـ بەتتە)

پۇقراۋى ئىگىلىكنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرىمىز. پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، گوۋۇيۈەننىڭ «تېخىمۇ ياخشى تەرەققىيات مۇھىتى يارىتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىنى قوللاش توغرىسىدا پىكىر»نى ئەستايىدىل ئىزچىللاشتۇرۇپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، باراۋەر مۇئامىلە قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، بازار ئىجازىتى، تەكشۈرۈپ تەستىقلاش ـ ئىجازەت بېرىش، تىجارەت قىلىش ـ يۈرۈشتۈرۈش جەھەتلەردە پۇقراۋى كارخانىلار ئۈچۈن باراۋەر رىقابەتلىشىش مۇھىتى يارىتىمىز. پۇل مۇئامىلىسى بازار ئىجازىتىنى كېڭەيتىپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈش يوللىرىنى كۆپەيتىمىز. ھۆكۈمەت، بانكا، كارخانىلارنىڭ ئۇدۇللىشىشنى كۈچەيتىپ، پۇقراۋى كارخانىلار ۋە ئوتتۇرا ھال، كىچىك، مىكرو كارخانىلارنىڭ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى تەس بولۇش، مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشى ئېغىرغا توختاش مەسىلىسىنى كۈچەپ ھەل قىلىپ، تېخىمۇ كۆپ پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ پاي بازىرىغا بىۋاستە كىرىپ مەبلەغ يۈرۈشتۈرۈشىنى قوللايمىز. مەخسۇس قەرز ئىنقىلاش ھەرىكىتىنى زور كۈچ سەرپ قىلىپ قانات يايدۇرۇپ، ھۆكۈمەت تارماقلىرى ۋە دۆلەت كارخانىلىرى پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ مەبلىغىنى نېسى قالدۇرۇش مەسىلىسىنى نۇقتىلىق تۈزەپ، پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە قوغدايمىز. سودىگەرلەر ئۇيۇشمىسى، جەمئىيەتتىكى قاتارلىق ئەلئارا تەشكىلاتلارنىڭ رولىنى جارى قىلدۇرۇپ، كارخانا ۋە يەرلىكنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا كۈچ قوشىمىز. پۇقراۋى كارخانىلارنىڭ ئىسلاھاتى، يېڭىلىق يارىتىشى، تېپىنى ئۆزگەرتىپ دەرىجىسىنى ئۆستۈرۈشى، ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، پۇقراۋى ئىگىلىكنىڭ ئىجادىي ھاياتىي كۈچىنى تولۇق ئۇرغۇتىمىز. يېقىن، پاك ھۆكۈمەت ـ سودىگەر مۇناسىۋىتىنى كۈچەپ ئورنىتىپ، رەھبىرىي كادىرلارنىڭ پۇقراۋى كارخانىلار بىلەن ئالاقىلىشىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئۇلارنىڭ ئەمەلىي قىيىنچىلىقلىرىنى ھەل قىلىشقا ياردەم بېرىپ، كارخانىچىلارنىڭ ئىش قىلىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ھۆرمەت قىلىدىغان، ئىلھاملاندۇرىدىغان ۋە قوغدايدىغان ياخشى كەيپىيات يارىتىمىز!

**9) ئىجتىمائىي ئىشلارنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىپ، خەلق تۇرمۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ ئاساسىي تۇرمۇشىنى ئۈنۈملۈك كاپالەتلەندۈرىمىز ۋە ياخشىلايمىز**

ئىشقا ئورۇنلىشىشنى كۈچەپ مۇقىملاشتۇرىمىز ۋە كېڭەيتىمىز. مۇقىم ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئەڭ مۇھىم ئورۇنغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئومۇمىي مىقدارىنى مۇقىملاشتۇرۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز، شەھەر ـ يېزىلاردىكى ئېشىنچا ئەمگەك كۈچلىرى، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەر، ھەربىيدىن چېكىنگەنلەر، قىيىنچىلىقى بارلار توپىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى گەۋدىلىك ياخشى تۇتىمىز، ئالىي مەكتەپنى پۈتكۈزگەنلەرنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىشى، ئىگىلىك تىكلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش پىلانىنى يولغا قويۇپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش مۇلازىمىتى ۋە كەسپىي ماھارەت تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ، ھەر مىللەت ئاممىنى تەرتىپلىك ھالدا شەھەرگە كىرىپ ئىشقا ئورۇنلىشىشقا، ئۆز جايىدا، يېقىن ئەتراپتا ئىشقا ئورۇنلىشىشقا ۋە ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك تىكلەشكە يېتەكلەيمىز، بىناكارلىق ساھەسىدە بەش يىلدا 200 مىڭ ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش پىلانىنى يولغا قويۇشنى باشلاپ، شەھەر ـ بازاردا 450 مىڭ ئادەمنى يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشتۇرىمىز، يېزا ئېشىنچا ئەمگەك كۈچىدىن 2 مىليون 700 مىڭ ئادەم قېتىمدىن كۆپرەكىنى يۆتكەيمىز، ئەمگەك ئىقتىدارى بار ھەربىر ئائىلىدىن ئاز دېگەندە بىر ئادەمنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىپ، كەسىپ ئارقىلىق ئادەم ئورۇنلاشتۇرۇش، كەسىپ ئارقىلىق ئادەم مۇقىملاشتۇرۇش، كەسىپ ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز.

تېخىمۇ ئادىل، تېخىمۇ سۈپەتلىك مائارىپنى تەرەققىي قىلدۇرىمىز. ئوقۇتقۇچىلار قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، سىياسىي ـ ئىدىيەۋى تەربىيەنى كۈچەيتىمىز، دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقى مائارىپىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويىمىز، يېزا يەسلى مائارىپىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىمىز، توققۇز يىللىق مەجبۇرىيەت مائارىپى نەتىجىلىرىنى مۇستەھكەملەيمىز. كۆپ خىل تەدبىرلەرنى تەڭ قوللىنىپ، «مەكتەپ تاللاش قىزغىنلىقى» «چوڭ سىنىپ نورمىسى» ھادىسىسىنى تۈگىتىمىز، ئادەتتىكى تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپلەرنىڭ كۆپ خىللاشقان خاس تەرەققىياتىنى ئالغا سىلجىتىمىز. كەسپىي مائارىپنى زور كۈچ بىلەن راۋاجلاندۇرۇپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇش يۇغۇرۇلغان مەكتەپ ـ كارخانا ھەمكارلىقنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، كەسپىي مائارىپ بويىچە ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئوقۇتۇشنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك ۋىلايەت (ئوبلاست، شەھەر) قۇرۇلۇشىغا تۈرتكە بولىمىز، تولۇقسىز، تولۇق ئوتتۇرا مەكتەپنى پۈتكۈزۈپ ئىشقا ئورۇنلاشمىغانلارنى تېخنىكىدا تولۇق تەربىيەلەشنى ئىشقا ئاشۇرىمىز. ئالىي مائارىپنىڭ ئىچكى ماھىيەتلىك تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز، شىنجاڭ داشۆسىنىڭ «قوش ئالدىنقى قاتار» قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىمىز، ئالىي مەكتەپلەر كەسىپ قۇرۇلمىسىنىڭ ساھە قۇرۇلمىسىغا ماسلىشىش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرىمىز. دۆلەت ئورتاق تىل ـ يېزىقنى كېڭەيتىش، ئومۇملاشتۇرۇشنى پۈختا، چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىمىز، مىللەتلەرنىڭ تىل ـ يېزىقنى ئىلمىي قوغدايمىز ۋە قېلىپلاشتۇرىمىز. ئوقۇشتىن قېلىشنى تىزگىنلەش، ئوقۇشقا كاپالەتلىك قىلىشنى كۈچەيتىپ، ئائىلىسىدە ئىقتىسادىي قىيىنچىلىقى بار ئوقۇغۇچىلارغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىشنىڭ تولۇق ئومۇملىشىشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز، ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن ئوقۇغۇچىلار، ئالاھىدە قىيىنچىلىقى بار كاپالەتلەندۈرۈلىدىغان ئوقۇغۇچىلار، يېزىلاردىكى ئۆيدە قالغان بالىلار ۋە مېيىپ بالىلار قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىنىڭ مائارىپتىن باراۋەر بەھرىمەن بولۇش ھوقۇقىنى كاپالەتلەندۈرىمىز، شەھەرگە كىرگەن ئىشلەمچىلەر پەرزەنتلىرىنىڭ مەكتەپكە كىرىشى تەس بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ھەل قىلىپ، ھەربىر بالىنى ئادىل، شۇنداقلا سۈپەتلىك مائارىپتىن بەھرىمەن قىلىمىز!

سەھىيە، ساغلاملىق سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. ساغلام شىنجاڭ ھەرىكىتىنى يولغا قويىمىز، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ سالامەتلىكنى ھەقسىز تەكشۈرۈشنى پۈختا قانات يايدۇرىمىز، شەھەر ـ يېزا ئاھالىسىنىڭ جىسمانىي كۈتۈلمىگەن زەخىم سۇغۇرتىسى، شەھەر ـ بازارلاردىكى ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنىڭ ئېغىر كېسەل سۇغۇرتىسىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، ئېغىر يۇقۇملۇق كېسەل، نۇقتىلىق يەرلىك كېسەل، كەسپىي كېسەل بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ داۋالاش ـ قۇتقۇزۇش سالمىقىنى ئاشۇرىمىز، جۇڭگو تېبابىتى بىلەن غەرب تېبابىتىنى بىرلەشتۈرۈشكە ئەھمىيەت بېرىمىز، ئاساسىي قاتلام سەھىيە مۇلازىمىتى سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ داۋالاش مۇلازىمىتى سەۋىيەسىنى ئۆستۈرىمىز. «داۋالاش، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، تېببىي دورا» بىرلەشمە ھەرىكىتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇپ، ئاممىنىڭ كېسەل كۆرسىتىشى تەس بولۇش، قىممەت بولۇش مەسىلىسىنى ئۈنۈملۈك ئازايتىمىز. ئىجتىمائىي كۈچلەرنىڭ رولىنى ياخشى جارى قىلدۇرۇپ، ياشانغانلارنى كۈتۈش، گۆدەكلەرگە قاراش ۋە ئۇلارنى داۋالاش مۇلازىمىتىنى كۈچەيتىمىز ۋە ياخشىلايمىز. تۇغۇت سىياسىتىنى ئەلالاشتۇرۇپ، نوپۇس سۈپىتىنى ئۆستۈرىمىز.

ئاممىنىڭ مەنىۋى مەدەنىيەت تۇرمۇشىنى بېيىتىمىز. ئاساسىي قاتلامغا، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستقا يۈزلەنگەن ئەلگە مەدەنىيەت ئارقىلىق نەپ يەتكۈزۈش بويىچە ئويۇن قويۇشنى پائال قانات يايدۇرۇپ، سوتسىيالىستىك يادرولۇق قىممەت قارىشنى ئەۋج ئالدۇرۇپ، جۇڭخۇا مۇنەۋۋەر ئەنئەنىۋى مەدەنىيىتىنى كېڭەيتىمىز، ئومۇملاشتۇرىمىز. ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى سىستېمىسى قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، ئاممىۋى مەدەنىيەت مۇلازىمىتى بىلەن تەمىنلەش ئىقتىدارىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرىمىز. ئاممىۋى رەقەملىك مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىپ، تۈرى كۆپ، مەزمۇنى تولۇق، شەكلى يېڭى، تارقىتىش ئاسان رەقەملىك مەدەنىيەت مەھسۇلاتلار ئەندىزىسى ۋە ئۆزئارا تۇتاشقان مەدەنىيەت بايلىقى مۇلازىمەت سىستېمىسىنى بەرپا قىلىمىز. ناھىيە دەرىجىلىك يۇغۇرۇلما تاراتقۇ مەركىزى قۇرۇلۇشىنى ياخشى تۇتىمىز. 14 ـ نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك قىشلىق تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىگە پۈتۈن كۈچىمىز بىلەن تەييارلىق كۆرىمىز، ئاپتونوم رايوننىڭ 14 ـ نۆۋەتلىك تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنى ياخشى ئۆتكۈزىمىز.

ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى سىجىل مۇكەممەللەشتۈرىمىز. ئومۇمىي خەلقنى سۇغۇرتىغا قاتناشتۇرۇش پىلانىنى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى، ياشانغاندا كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى، داۋالىنىش سۇغۇرتىسى، ئىشتا يارىلىنىش سۇغۇرتىسى، ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قاتارلىق تۈزۈملەرنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنىڭ ئومۇملىشىش دائىرىسىنى كېڭەيتىپ، 2020 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە ئاساسىي داۋالىنىش كۈتۈنۈش سۇغۇرتىسى فوندىدا ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك بىر تۇتاش كىرىم ـ چىقىم قىلىشنى پۈتۈنلەي ئىشقا ئاشۇرۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىمىز. شەھەر ـ يېزا ئىجتىمائىي قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، شەھەر ـ يېزىلارنىڭ تۆۋەن تۇرمۇش كاپالىتى سەۋىيەسىنى پۈختا قەدەم بىلەن ئۆستۈرىمىز، ۋاقىتلىق قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ئىجتىمائىي كاپالەت ئارقىلىق تولۇق كاپالەتلەندۈرۈپ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش خىزمىتىنى پۈختا، ياخشى ئىشلەيمىز. ئۆزى ئىختىيار قىلغان «بەشتە كاپالەتلىك» ياشانغانلارنىڭ ھەممىسنى مەركەزلىك بېقىش، يېتىم بالىلارنىڭ ھەممىسنى مەركەزلىك يېغىپ بېقىشنى ئالغا سىلجىتىمىز. ياشانغانلار، مېيىپلەر، روھىي توسالغۇ بىمارلىرى قاتارلىق ئالاھىدە كىشىلەر توپىغا مۇلازىمەت قىلىدىغان ئۇل ئەسلىھەلەر قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز. مېيىپ بالىلارنىڭ سالامەتلىكنى ئەسلىگە كەلتۈرۈش، قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرىمىز. شەھەر ـ يېزىلاردىكى باققۇچىسىز ياشانغانلار، يېتىم بالىلار، مېيىپلەر قاتارلىق قىيىنچىلىقى بار كىشىلەر توپىغا قاراتمىلىق ھالدا ياردەم بېرىمىز.

شەھەر ـ يېزا ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. شەھەر ئەھۋالىغا يارىشا ئىش كۆرۈپ، شەھەر ئەھۋالىغا قارىتا تەدبىر قوللىنىپ، تۇرالغۇ تەمىنات سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز. يېزىلارنىڭ ئولتۇراقلاشتۇرۇش ۋە كۆچمەن چارۋىچىلارنى مۇقىم ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى، شەھەر ـ بازارلارنىڭ كاپالەتلىك ئولتۇراقلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنى پۈختا ئالغا سىلجىتىمىز، شەھەر ـ بازارلارنىڭ كاپالەتلىك تۇرالغۇسىدىن 109 مىڭ يۈرۈش سالىمىز، يېزىلاردا 75 مىڭ ئائىلىلىك ئەمىن ئۆي قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز. كۆپ خىل سۇبيېكتلىق تەمىنات، كۆپ يوللۇق كاپالەت، ئىجارە ئېلىش بىلەن سېتىۋېلىش بىرلەشتۈرۈلگەن تۇرالغۇ تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى تېزلىتىپ، دېھقانچىلىق، چارۋىچىلىق رايونىدىن يۆتكەلگەن ئاھالىنى شەھەرگە كىرىپ نوپۇسقا ئالدۇرۇشقا تەرتىپلىك يېتەكلەپ، ئۆي ـ زېمىن بازىرىنىڭ مۇقىم، ساغلام تەرەققىياتىغا تۈرتكە بولىمىز.

ئەلگە ئىللىقلىق يەتكۈزۈش، نەپ يەتكۈزۈش قۇرۇلۇشىنى ئالغا سىلجىتىمىز. جەنۇبىي شىنجاڭدا كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش (1 ـ قارارلىق) قۇرۇلۇشىنى داۋاملىق يولغا قويىمىز، جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستنىڭ كۆمۈرنىڭ ئورنىغا توك ئىشلىتىش يانداش ئېلېكتىر تورى قۇرۇلۇشى ھەم ئاھالىنىڭ ئۆيلىرىنى توك پار بىلەن ئىسسىتىدىغان قىلىپ ئۆزگەرتىش (1 ـ قارارلىق) قۇرۇلۇشى بويىچە 288 مىڭ 700 ئائىلىنى ئۆزگەرتىش ۋەزىپىسىنى تاماملايمىز، پار بىلەن تەمىنلەش شارائىتىنى ياخشىلاپ، تۇرمۇش تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىمىز. شەھەر ـ بازارلاردىكى كونا ئولتۇراق رايونلارنىڭ سۇ، توك، پار يوللىرىنى ئۆزگەرتىش ۋە لىفت ئورنىتىش قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىمىز، كونا ئولتۇراق رايونلاردا مۈلۈك باشقۇرۇش مۇلازىمىتىنى ئومۇملاشتۇرۇش نىسبىتىنى ئۆستۈرىمىز. قىسمەن شەھەرلەردىكى «كۆچۈپ بولسىمۇ چاقماسلىق، چېقىپ بولسىمۇ قۇرۇلۇش قىلماسلىق» قاتارلىق ئاممىنىڭ ئىنكاسى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشقا ئەھمىيەت بېرىمىز.

بىخەتەرلىك سىستېما قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش مەسئۇلىيىتى ۋە باشقۇرۇش تۈزۈمىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىۋى بىخەتەرلىك يوشۇرۇن خەۋپىنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈش ۋە بىخەتەرلىك بويىچە ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، ئاپەتنىڭ ئالدىنى ئېلىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش، ئاپەتتىن قۇتقۇزۇش سىستېمىسى ۋە جىددىي تاقابىل تۇرۇشنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، پۈتۈن ئاپەت تۈرى بويىچە جىددىي تاقابىل تۇرۇشتىكى ئۇنىۋېرسال قۇتقۇزۇش ـ ياردەم بېرىش قوشۇنى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز، ئاپەت خەۋپ ـ خەتىرىنى تەكشۈرۈش ۋە نۇقتىلىق يوشۇرۇن خەۋپنى بىر ـ بىرلەپ تەكشۈرۈش قۇرۇلۇشىنى يولغا قويىمىز، تۈرلۈك تاسادىپىي ۋەقەلەرگە تاقابىل تۇرۇش ۋە ئۇنى بىر تەرەپ قىلىش ئىقتىدارى، سەۋىيەسىنى ئومۇميۈزلۈك ئۆستۈرۈپ، زور بىخەتەرلىك ھادىسىلىرىنىڭ يۈز بېرىشىنى توسىمىز. يېمەكلىك ـ دورا ۋە مەھسۇلات سۈپىتى بىخەتەرلىكىنى نازارەت قىلىش ـ باشقۇرۇشنى كۈچەيتىپ، مۇھىم ساھەلەرنى مەخسۇس تۈزەشنى داۋاملىق قانات يايدۇرۇپ، خەلق ئاممىسىنىڭ تەن ساغلاملىقى ۋە ھايات بىخەتەرلىكىنى ھەقىقىي كاپالەتلەندۈرىمىز. ئاپەتتىن مۇداپىئەلىنىش، ئاپەت زىيىنىنى ئازايتىش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلەيمىز.

**10) پارتىيەنىڭ مىللەت ـ دىن سىياسىتىدە چىڭ تۇرۇپ، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ۋە دىنلار ئىناقلىقىنى زور كۈچ بىلەن ئىلگىرى سۈرىمىز**

مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقىنى مۇستەھكەملەيمىز ۋە راۋاجلاندۇرىمىز. پارتىيەنىڭ مىللەتلەر سىياسىتىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، مىللىي رايون ئاپتونومىيە تۈزۈمىدە چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مىللەتلەرنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق ـ مەنپەئىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىمىز، مىللەتلەرنىڭ ئۆرپ ـ ئادىتىگە تولۇق ھۆرمەت قىلىمىز. «مىللەتلەر ئىتتىپاقلىشىپ بىر ئائىلە كىشىلىرىدەك بولۇش» ۋە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى بىرلەشمە دوستلۇق پائالىيىتىنى دائىملاشتۇرۇپ قانات يايدۇرۇپ، ھەر مىللەت ئامما، بولۇپمۇ قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە قارىتىلغان كۆڭۈل بۆلۈش، غەمخورلۇق قىلىش، ياردەم بېرىش ـ يۆلەش، قۇتقۇزۇش خىزمەتلىرىنى پۈختا، ياخشى ئىشلەيمىز، مىللەتلەرنىڭ ئالاقىلىشىشى، ئالماشتۇرۇشى، ئارىلىشىشىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى تەربىيەسىنى ئورگان، يېزا ـ كەنت، مەھەللە، مەكتەپ، كارخانا، گازارما، تۈەن ـ مەيدان، دىنىي پائالىيەت سورۇنلىرىغا كىرگۈزۈشنى ئالغا سىلجىتىپ، ھەر مىللەت ئاممىسىنى «ئۈچ ئايرىلالماسلىق» ئىدىيەسىنى پۈختا تۇرغۇزۇشقا، «بەشنى چىن قەلبتىن ئېتىراپ قىلىش»نى كۈچەيتىشكە، جۇڭخۇا مىللىتى ئورتاق گەۋدىسى ئېڭىنى پۈختا تۇرغۇزۇشقا يېتەكلەپ، مىللەتلەرنىڭ ئىناق ئۆتۈشى، بىر ياقىدىن باش چىقىرىشى، ئىناق تەرەققىي قىلىشىغا تۈرتكە بولۇپ، مىللەتلەرنى ئانارنىڭ دانىسىدەك زىچ ئۇيۇشتۇرىمىز. مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتى بويىچە بەرپا قىلىش پائالىيىتىنى كەڭ قانات يايدۇرىمىز، تىرىشىپ مەملىكەت بويىچە مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى ـ تەرەققىياتىدىكى ئۈلگىلىك رايون بەرپا قىلىمىز.

دىنلارنىڭ ئىجىل ـ ئىناقلىقىنى ئىلگىرى سۈرىمىز. پارتىيەنىڭ دىن خىزمىتى ئاساسىي فاڭجېنىنى ئومۇميۈزلۈك ئىزچىللاشتۇرۇپ، دۆلىتىمىزنىڭ دىنىنى جۇڭگوچىلاشتۇرۇش يۆنىلىشىدە چىڭ تۇرۇپ، قانۇنلۇقلىرىنى قوغداش، قانۇنسىزلىرىنى توسۇش، ئەسەبىيلىكنى چەكلەش، سىڭدۈرمىچىلىككە تاقابىل تۇرۇش، جىنايەتكە زەربە بېرىشتە چىڭ تۇرۇپ، دىن ئىشلىرىنى قانۇن بويىچە باشقۇرۇپ، دىنغا ئېتىقاد قىلىدىغان ئاممىنىڭ نورمال دىنىي ئېھتىياجى ۋە نورمال دىنىي پائالىيىتىنى قانۇن بويىچە كاپالەتلەندۈرىمىز، ۋەتەنپەرۋەر دىنىي زاتلارغا غەمخورلۇق قىلىش ۋە ئۇلارنى يېتىشتۈرۈش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرىمىز، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ يامىرىشىنى قەتئىي توسۇپ، دىننى سوتسىيالىزم جەمئىيىتىگە ئۇيغۇنلاشتۇرۇشقا پائال يېتەكلەپ، ئاپتونوم رايونىمىزنىڭ دىنلار ئىناق بولغان ياخشى ۋەزىيىتىنى ئۈزلۈكسىز مۇستەھكەملەيمىز.

**11) بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشى، تەرەققىياتىنى تېزلىتىشىنى زور كۈچ بىلەن قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز**

«بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر تاختا شاھمات» ئىدىيەسىنى پۈختا تۇرغۇزۇپ، بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھات ـ تەرەققىياتىنى قوللاپ، بىڭتۇەننىڭ «مۇقىملاشتۇرغۇچ، چوڭ پېچ، ئۈلگىلىك رايون» بولۇشتەك ئالاھىدە رولىنى تولۇق جارى قىلدۇرىمىز. بىڭتۇەننىڭ مۇقىملىقنى ساقلاش، چېگرا رايوننى قوغداش ئىقتىدارىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشنى قوللاپ، بىڭتۇەن بىلەن يەرلىك بىر گەۋدىلەشكەن تېررورلۇققا قارشى تۇرۇپ مۇقىملىقنى قوغداش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇقىملىقنى قوغداش كۈچى قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىمىز. بىڭتۇەننىڭ ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى قوللايمىز، بىڭتۇەننىڭ ئاپتونوم رايون بەرگەن مەمۇرىي فۇنكسىيە ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىش ھوقۇقىنى تەرتىپلىك قوبۇل قىلىشى ۋە قانۇن بويىچە ياخشى ئىشلىتىشىنى قوللايمىز. بىڭتۇەننىڭ جەنۇبىي شىنجاڭدا تەرەققىي قىلىپ، ئىگىلىكنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشقا تۈرتكە بولۇش ئارقىلىق ئىقتىساد كۆلىمىنى ئۈزلۈكسىز زورايتىشىنى، پۈتۈن شىنجاڭدىكى يېتەكلەش كۈچى، تەسىر كۈچىنى ئاشۇرۇشىنى قوللايمىز. بىڭتۇەن بىلەن يەرلىكنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىيات مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مۇھىم، زور ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ جايلىشىشى، بازار سىستېمىسى، ئۇل ئەسلىھە، ئاممىۋى مۇلازىمەت قاتارلىق جەھەتلەردىكى يىرىك پىلاننى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئىقتىساد، مەدەنىيەت، ئىجتىمائىي ئىشلار، مۇقىملىقنى ساقلاش، ئىختىساسلىقلار، مىللەتلەر ئىتتىپاقلىقى، مۇھىت ئاسراش قاتارلىق جەھەتلەردىكى چوڭقۇر يۇغۇرۇلۇشقا تۈرتكە بولىمىز، چېگرا رايوننى ئورتاق قوغدايدىغان، ئىتتىپاقلىشىپ بىرلىكتە بەرپا قىلىدىغان، بايلىقلاردىن ئورتاق بەھرىمەن بولىدىغان، ئەۋزەللىكلەردە ئۆزئارا تولۇقلايدىغان، مەدەنىيەتلەر قوشۇلغان، ئورتاق گۈللىنىپ تەرەققىي قىلىدىغان جانلىق ۋەزىيەتنى تېزدىن شەكىللەندۈرىمىز!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ بىر تۈرلۈك ئۇزاق مۇددەتلىك مۇھىم، زور ئىستراتېگىيەسى. شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ياردەم بېرىش يىرىك پىلانىنى ياخشى ئەمەلىيلەشتۈرۈشكە پائال ماسلىشىپ، شىنجاڭغا ياردەم بېرىۋاتقان ئۆلكە، شەھەرلەرنىڭ ئىلغار ئىدىيەسىنى ئەستايىدىل ئۆگىنىپ، شىنجاڭغا كادىرلار، ئىختىساسلىقلار جەھەتتە ياردەم بېرىش، شىنجاڭغا كەسىپلەر جەھەتتە ياردەم بېرىش، خەلق تۇرمۇشىنى كاپالەتلەندۈرۈش ـ ياخشىلاش، ئالاقىلىشىش ـ ئالماشتۇرۇش ـ ئارىلىشىش، شىنجاڭغا مەدەنىيەت ـ مائارىپ جەھەتتە ياردەم بېرىشكە كۈچنى مۇجەسسەملەپ، شىنجاڭغا نىشانلىق ياردەم بېرىش ئۇنىۋېرسال ئۈنۈمىنى كۈچەپ ئۆستۈرىمىز!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! شىنجاڭ دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي شىمالدىكى مۇھىم بىخەتەرلىك توسۇقى. ئارمىيە بىلەن خەلقنىڭ يۇغۇرۇلما تەرەققىيات ئىستراتېگىيەسىنى چوڭقۇر يولغا قويۇپ، دۆلەت مۇداپىئە تەربىيەسىنى كۈچەيتىپ ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈپ، دۆلەت مۇداپىئەسى ۋە قىسىم قۇرۇلۇشىنى قوللاپ، يېڭى دەۋردە ھەربىيدىن چېكىنگەنلەر خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، «ئىككىنى ھىمايە قىلىش» خىزمىتى ۋە ئارمىيە ـ خەلق ئورتاق بەرپا قىلىش مېخانىزمىنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ھەربىيلەر شان ـ شەرەپ سىستېمىسىنى بەرپا قىلىشقا تۈرتكە بولۇپ، ئارمىيە بىلەن ھۆكۈمەت، ئارمىيە بىلەن خەلق ئىتتىپاقلىقى دەرىخىنى چوڭقۇر يىلتىز تارتقۇزۇپ، باراقسان ئۆستۈرۈپ، مەڭگۈ ياشنىتىمىز!

ھۆرمەتلىك ۋەكىللەر! يېتىپ كېلىش ئالدىدا تۇرغان 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلان مەزگىلى دۆلىتىمىزنىڭ ئومۇميۈزلۈك ھاللىق جەمئىيەت قۇرۇپ چىقىشتىن سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇشنى ئاساسەن ئىشقا ئاشۇرۇشقا قەدەم تاشلايدىغان مۇھىم مەزگىل. ئىستراتېگىيەلىك تەپەككۇر قىلىشتا، سىستېمىلىق تەپەككۇر قىلىشتا چىڭ تۇرۇپ، 14 ـ بەش يىللىق يىرىك پىلانىنى ئىنچىكە تۈزۈپ چىقىپ، خەلق ئىگىلىكى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىيات ئومۇمىي پىلانى يېتەكچى، ماكان يىرىك پىلانى ئاساس، مەخسۇس پىلان ۋە رايون پىلانى تىرەك قىلىنغان يىرىك پىلان سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تەرەققىيات يىرىك پىلانىنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يېتەكلەش رولىنى يەنىمۇ ياخشى جارى قىلدۇرىمىز!

## 3. ھۆكۈمەتنىڭ ئۆز قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىمىز

ئۆتكەن بىر يىلدا، بىز پارتىيە رەھبەرلىكنى ھۆكۈمەت خىزمىتىگە باشتىن ـ ئاخىر سىڭدۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، سىياسىي قۇرۇلۇشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇپ، «ئەسلىي مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش» باش تېما تەربىيەسىنى پۈختا قانات يايدۇرۇپ، شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنى ئۆگىنىشنى ئىسلاھات، تەرەققىيات، مۇقىملىقتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى ئالغا سىلجىتىدىغان ئەمەلىي ھەرىكەتكە ئايلاندۇرۇپ، پارتىيە مەركىزىي كومىتېتىنىڭ قارار، ئورۇنلاشتۇرمىلىرىنىڭ دەل جايىدا ئەمەلىيلىشىشىگە ئۈنۈملۈك تۈرتكە بولدۇق. پارتىيە، ھۆكۈمەتنىڭ ئاپپارات ئىسلاھاتى پرىنسىپى بويىچە، مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولغان، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، ئاپتونوم رايون دەرىجىلىك، شۇنداقلا ۋىلايەت، ناھىيەلەرنىڭ ھۆكۈمەت ئاپپارات ئىسلاھاتىنى ئومۇميۈزلۈك تاماملىدۇق. ئاممىۋى قانۇن مۇلازىمىتى سىستېما قۇرۇلۇشىنى تېز ئالغا سىلجىتىپ، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى ئېلان قىلىش، مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىنى پۈتۈن جەريانلىق خاتىرىلەش ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجراسىغا ئالاقىدار مۇھىم، زور قارارلارنى قانۇن ـ تۈزۈم نۇقتىسىدىن تەكشۈرۈشتىن ئىبارەت «ئۈچ تۈرلۈك تۈزۈم» ئىسلاھاتىنى نۇقتىدا سىناق قىلىش خىزمىتىنى ئومۇميۈزلۈك يولغا قويۇپ، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزۈش ئىقتىدارىمىز ۋە سەۋىيەمىزنى ئۆستۈردۇق. خەلق قۇرۇلتىيى ۋە ئۇنىڭ دائىمىي كومىتېتىنىڭ قانۇن نازارەتچىلىكى، خەلق سىياسىي مەسلىھەت كېڭەشنىڭ دېموكراتىك نازارەتچىلىكى، ئىنتىزام تەكشۈرۈش كومىتېتى، رېۋىزىيە كومىتېتىنىڭ نازارەتچىلىكى، شۇنداقلا جەمئىيەتتىكى ھەر ساھەنىڭ نازارەتچىلىكىنى ئاڭلىق قوبۇل قىلدۇق. كادىرلار ئىستىلىنى داۋاملىق كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، شەكىلۋازلىق ۋە بيۇروكراتلىققا ياتىدىغان گەۋدىلىك مەسىلىلەرنى ھەل قىلىپ، ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ ئىستىلىنى كۆرۈنەرلىك ياخشىلىدۇق. «ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى يېنىكلىتىش يىلى» دىكى تۈرلۈك خىزمەت تەدبىرلىرىنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، نازارەتچىلىك ـ تەكشۈرۈش ـ باھالاش ئىشلىرىنى ئازايتتۇق ۋە قېلىپلاشتۇردۇق، يىغىن ۋە ھۆججەتلەرنى زور مىقداردا ئىخچاملاپ، ئاساسىي قاتلامنىڭ يۈكىنى ئەڭ زور چەكتە يېنىكلەتتۇق. ھۆكۈمەت سىستېمىسىنىڭ پارتىيە ئىستىلى، پاكلىق قۇرۇلۇشى ۋە چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنى چوڭقۇر ئالغا سىلجىتىپ، تۈرلۈك چىرىكلىشىش قىلمىشلىرىنى قەتئىي جازالاپ، ئىستىل دۇرۇس، كەيپىيات توغرا بولغان سىياسىي ئېكولوگىيە بەرپا قىلدۇق.

يېڭى بىر يىلدا، بىز جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك مەمۇرىيەت تۈزۈلمىسىدە داۋاملىق چىڭ تۇرۇپ ۋە ئۇنى مۇكەممەللەشتۈرۈپ، مەسئۇلىيەت ئايدىڭ بولغان، قانۇن بويىچە مەمۇرىيەت يۈرگۈزىدىغان ھۆكۈمەت ئىدارە قىلىش سىستېمىسىنى بەرپا قىلىپ، تىرىشىپ خەلق رازى بولغان ھۆكۈمەت قۇرىمىز.

(ئاخىرى 8 ـ بەتتە)